# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىنى چۆرىدەپ خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، پارتگورۇپپىلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل تولۇق ئادا قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىزمىتى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ماسلىشىپ ئالاقىدار مۇھىم، زور پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگورۇپپىلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرلەرنى پائال تەھلىل قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۇتقىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور سىياسەت ـ فاڭجېنلىرى ۋە تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كەم ـ كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى باش ئورۇنغا قويۇپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «تۆت خاھىش»نى تۈزەشتە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي بوشاشماي قارشى تۇرۇشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى چۆرىدەپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېجىرىشكە تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ياخشى تاماملىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك كۆزىتىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، سىياسىي نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتگورۇپپا(پارتكوم)لىرىنىڭ پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيەت ئېڭى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىگەن، ياخشى بولۇشقا ئىلگىرىلىگەن ھالەت بارلىققا كەلدى، لېكىن يەنىلا بىر قىسىم گەۋدىلىك مەسىلىلەر مەۋجۇت. كۆزىتىش ـ تۈزىتىش ۋە نەتىجىدىن پايدىلىنىشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، دائىملىق نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزىتىش ئەھۋالىنى رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئۇنىۋېرسال باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، تۈزۈم چەكلىمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى بىرىنچى چاسا ئەترەت، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، فۇنكسىيە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى تەرەپلەر، ھەرقايسى ھالقىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمىدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىكنى جازالاشتەك يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاپ، ھوقۇقنى نازارەت قىلىش، چەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى سىجىل تۈزەپ، ئورگان ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. كۆزىتىش ـ تۈزىتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىن مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 2019 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇنىڭ 2020 ـ يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قوشۇلدى. يىغىندا مۇنداق قارالدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆزىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كۆزىتىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، كۆزىتىش خىزمىتى ئەندىزىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك بولدى. يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كۆزىتىش پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى ئۆتكۈر قورال، مەسىلىلەرنى بايقاشتىكى ئۈنۈملۈك تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىش خىزمىتى فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي كۆزىتىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى كۆزىتىلگەن پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ئىجراسى، ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈشتە يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ كۆزىتىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك ـ ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە مەركەز ئورۇنلىرىغا بولغان كۆزىتىش خىزمىتى تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، كۆزىتىش بىلەن باشقا نازارەتچىلىكنى تۇتاشتۇرۇش، يۇغۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پەيتىدە يولداش باش شۇجى بىلەن تېلېفونلاشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن يولداش باش شۇجى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدىم. جۇڭگو ـ ۋيېتنام مۇناسىۋىتى پائال ياخشىلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئىككى دۆلەت سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، شۇنداقلا دۇنيا ۋە ئۆز رايونىنىڭ تىنچلىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ پائال تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ۋيېتنام ئىستىقبالى بىر ـ بىرىگە چېتىشلىق، تەقدىرداش ياخشى قوشنا، ياخشى دوست، ياخشى يولداش، ياخشى ھەمراھ، ھازىر جۇڭگو ـ ۋيېتنام ئىككى دۆلىتىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخىمۇ كۆپ خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، مەن يولداش باش شۇجى بىلەن ئىستراتېگىيەلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ ۋيېتنام مۇناسىۋىتىدە ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ، يۆنىلىش بەلگىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىشنى خالايمەن. بىز ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، جۇڭگو ـ ۋيېتنام ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈلىنى پۇختىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوڭ ۋەزىيەت ۋە ئۇزاقنى كۆزلەپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ ۋە تۈگىتىپ، ئىككى دۆلەت تەرەققىياتىدىكى تاشقى مۇھىتنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك. ئىككى تەرەپ پۇرسەتنى ئىگىلەپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو بىلەن ۋيېتنامنىڭ ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ ۋيېتنام ئىككى دۆلەت كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەم ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، ھەم جۇڭگو ـ ۋيېتنام مۇناسىۋىتىدە ئاچقۇچلۇق، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى پات ئارىدا پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى كۈتۈۋالىدۇ، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ۋيېتنام خەلقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ ۋيېتنام ئىككى دۆلەت سوتسىيالىزم ئىشلىرى ۋە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىشنى خالايدۇ.

رۇڭ فۇجوڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گېڭزى چاغان يېتىپ كېلىۋاتقان ۋە ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن تېلېفونلاشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئېرىشكەن غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەبرىكلەيمەن، جۇڭگونىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ۋيېتنامنىڭ مىللىي ئازادلىقى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۆتكەن 70 يىلدا ۋيېتنام ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئاكتىپ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كەلدى، يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە ئالدىدا، ۋيېتنام تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىققا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە ھەمكارلىق خەلق رايى ئۈلىنى پۇختىلاشنى ھەم كۆپ تەرەپ سورۇنلىرىدىكى ئالاقە، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشكە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ بىلەن رۇڭ فۇجوڭ ئۆزئارا چاغانلىق سالام يوللىدى، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ چاغنىنىڭ خۇشال ئۆتۈشىگە ئورتاق تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا تەربىيەلەشتىنمۇ چوڭ ئىش يوق.» ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ئالدى بىلەن ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىكى ئىلغارلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيەمىزنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىسى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتىكى، ئىلمىي نەزەرىيە توغرا ھەرىكەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى، غايە ـ ئېتىقاد كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي روھى، مەنىۋى جەھەتتە «كالتسىي كەم بولۇش» بارلىق ئىدىيە جەھەتتىن غۇلاشنىڭ مەنبەسى. پارتىيە ئىچىدە تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى غايە ـ ئېتىقادتىكى تەۋرىنىش، ئەسلىي مەقسەت، ئېتىقادتىن ئېزىپ كېتىش، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتا جەزمەن ئاساسنى پۇختىلاپ روھ يېتىلدۈرۈش، قەلب، روھنى مۇجەسسەملەشتىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. «ئالماستەك يېمىرىلمەس تەن»نى تاۋلاپ چىقىشتا جەزمەن ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، مەنىۋى يۇرت ـ ماكانىمىزنى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرۈش كېرەك.

نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش ھەربىر قەدەم ئىلگىرىلىسە، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىشى كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، 21 ـ ئەسىردىكى ماركسىزم پارتىيە ۋە دۆلەت ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش ۋە تۈزۈم بىلەن پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتا ئوخشاش يۆنىلىشتە كۈچەشتە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق مەيدان، كۆز قاراش، ئۇسۇلنى ئۆزلەشتۈرۈشكە، سۇبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيە قورالىدىن پايدىلىنىشنى ئىگىلەشكە تەشكىللىدۇق، يېتەكلىدۇق. بىز غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى پارتىيەنىڭ ئىدىيە قۇرۇلۇشىنىڭ باش ۋەزىپىسى قىلىپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچ ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنى رىغبەتلەندۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى تەربىيەنى «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار»دىن كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغىچە كېڭەيتىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلاردىن دائىم پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ ئىدىيەسىگە قونغان چاڭ ـ توزانلارنى قېقىۋېتىشنى، سىياسىي روھنى ئۈزلۈكسىز تازىلاشنى تەلەپ قىلدۇق. ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىدا پۇختا چىڭ تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە بازىسىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق ئالدىدا دادىل كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۈرەش قىلىشتا جۈرئەت قىلىپ، ماھىر بولۇپ، تۈرلۈك خاتا پىكىر ئېقىمىنىڭ چىرىتىشىدىن قەتئىي مۇداپىئەلەندۇق. بىز ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشتا، بىلىش، ئىشىنىش، ئىشلىتىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەشتىكى ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولدۇق.

ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، نەزەرىيە جەھەتتىكى قەتئىيلىك، سەگەكلىك ئىدىيە، سىياسىيدىكى قەتئىيلىك، سەگەكلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىلمىي نەزەرىيە غايە ـ ئېتىقادتىكى قەتئىيلىكنىڭ ئاساسى. پەقەت ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ كاللىسىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن پارتىيە باشتىن ـ ئاخىر بىرلىككە كەلگەن ئىدىيە، قەتئىي ئىرادە، كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقنى ساقلىيالايدۇ. ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمى ئورنىتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيەلەش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، تەربىيەنى تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق روياپقا چىقىرىش غايە ـ ئېتىقادىنى ئۈزلۈكسىز چىڭىتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە بىزنىڭ ئۇلۇغ كۈرەش قىلىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئالغا سىلجىتىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مول ئەمەلىيىتىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە جاپالىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش داۋامىدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقىمىز ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىمىزنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

«قورام تاشنى پارچىلىغىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قاتتىقلىقىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، گىلنى ئۆۋۈتۈپ تاشلىغان قىلغىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىزىل رەڭگىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ». ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنىڭ غايە ـ ئېتىقادىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەت بىلەن كاللىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ھەقىقەت بىلەن غايىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەقىقەت بىلەن ئېتىقادىمىزنى چىڭىتساقلا، بىز غايە نۇرى بىلەن كۈرەش يولىمىزنى يورۇتالايمىز، ئېتىقاد كۈچى بىلەن گۈزەل كەلگۈسىمىزنى يارىتالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

# مالىيەنىڭ فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمىنىڭ كۆزلىمە نىشانى 162 مىليارد 450 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، 3% ئەتراپىدا ئاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە سىستېمىسى مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئېچىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم تىرەك بولۇش، كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇردى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: 2020 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خىزمىتىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي، كەسكىن ياخشى قىلىپ، نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، مالىيە سىياسىتى مەبلىغىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مالىيەنىڭ قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە سىستېمىسى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مالىيە كىرىم ـ چىقىمى، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، مالىيە ـ باج تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش، ھۆكۈمەت قەرزىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، خامچوت نەتىجە ـ ئۈنۈمى بويىچە باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، مالىيەنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، مالىيەنىڭ فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.